# ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر

2021- يىلى 1- ئاي

تەييارلىغۇچى:
مەمەتئېلى مەمەتئېمىن

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# يانۋار

- **ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق كۆڭلەك شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن پاختا كىرگۈزۈشنى توختاتتى**

2021-01-03
ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق كۆڭلەك ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى «چارلىس تىرۋىت» (Charles Tyrwhitt)، خېرىدارلىرىنىڭ شىكايىتى سەۋەبلىك خىتايدا كۆڭلەك ئىشلەپچىقىرىشنى ئازايتقان شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستاندىكى پاختا تەمىنات زەنجىرلىرى بىلەن بولغان سودا توختامىنى بىكار قىلغان. «چارلىس تىرۋىت» نىڭ قۇرغۇچىسى نىك ۋىللىيىرنىڭ 3-يانۋار كۈنى ئەنگلىيە «كۈندىلىك پوچتا» گېزىتىگە بىلدۈرۈشىچە، شىركەت «خېرىدارلارنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرغان». ئۇ يەنە شىركەتنىڭ «شىنجاڭدىكى پاختا تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن بولغان سودا توختامىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقى» نى بىلدۈرگەن.
**مەنبە:**

https://www.dailymail.co.uk/news/article-9106997/Charles-Tyrwhitt-scaling-shirt-making-China-customers-complained-government.html

- **د ئۇ ق تۈركىيە رەھبەرلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى «جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى» نى ماقۇللىماسلىققا چاقىرىق قىلدى**

2021-01-05
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيە رەھبەرلىرى، ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ رەئىسلىرى ۋە تۈركىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتى بىلەن ئەدلىيە كومىتېتى مەسئۇللىرى ھەم ئەزالىرىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خىتاي بىلەن تۈركىيە ئارىسىدىكى «جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى» نى ماقۇللىماسلىققا چاقىرماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەسئۇللىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇلار ھازىرغىچە 13 پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى، 50 پارلامېنت ئەزاسى ۋە تۈركىيەنىڭ 15 دۆلەتتىكى ئەلچىسىگە خەت ئەۋەتىپ بولغان. بۇ پائالىيەت ھازىرمۇ ئاكتىپ داۋاملاشماقتىكەن. بۇ خەتنى 29-يانۋار كۈنى «ئىيى» يەنى «ياخشى» پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى فاھرەتتىن يوقۇش ئەپەندى تۈركىيە پارلامېنتىدىكى ئومۇمىي يىغىندا ئوقۇپ ئۆتتى.

**مەنبە:**

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/duq-turkiye-01052021152958.html
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/duq-turkiye-02012021161204.html

- **«شىنجاڭدىكى» مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ كۆلىمى بىز بىلگەندىنمۇ كەڭ**

2021-01-05

5-يانۋار ئامېرىكانىڭ داڭلىق تاراتقۇلىرىدىن بىرى بولغان «ئاكسىيوس» (Axios) تورىدا «شىنجاڭدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ كۆلىمى بىز بىلگەندىنمۇ كەڭ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دائىرلىرى يېقىنقى ئىككى يىلدا شەرقىي تۈركىستاندا لاگېرلارنىڭ قورشاۋ تېمى ئىچىدە چوڭ تىپتىكى زاۋۇتلارنى قۇرغان ھەمدە 3 يىلدىن بۇيان يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرنى پاختىزارلىقلاردا ئىشلەشكە مەجبۇرلىغان. بۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مال تەمىنلەش ھالقىسىنىڭ ئەڭ پايدا تاپىدىغان تۈرلىرىگە ئايلانغان.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن مەلۇمكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ‹نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش› شوئارى ئاستىدا ئىش مەيدانلىرىغا توپ-توپ ئەۋەتكەن. ئەمگەكچىلەرنى خالىغان يەرگە يۆتكەش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش ۋە ئۇلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ قالغان».

**مەنبە:**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

https://www.axios.com/xinjiang-forced-labor-uyghurs-a3b58b6e-c98f-4ce4-ae52-7b4a37fa61f5.html

- **خىتاي« شىنجاڭدىكى نوپۇس ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى تەھلىل دوكلاتى»نى ئېلان قىلدى**

2021-01-07
خىتاينىڭ «شىنجاڭ تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى» دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىنى كونترول قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. دوكلاتتا تەكىتلىنىشىچە، ئۇيغۇر نوپۇسى 1949-يىلدىن 2018-يىلغىچە ئىزچىل كۆپىيىپ كەلگەن. دوكلاتتا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش ۋە تەبىئىي كۆپىيىشى 2017-يىلدىن باشلاپ تېز چۈشۈشكە باشلىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ سەۋەبى باشقا ئامىللارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 2010-يىلدىن 2018-يىلغىچە %25.04 كۆپەيگەنلىكى، بىراق 2018-يىلى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ %10.69 گە، تەبىئىي كۆپىيىشىنىڭ %6.13 كە چۈشكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

**مەنبە:**

https://cn.chinadaily.com.cn/a/202101/07/WS5ff6a127a3101e7ce973991e.html

- **خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرى ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى**

2021-01-08
خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ 7-يانۋار تىۋىتتېردا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «ئەمدى بالا تۇغۇش ماشىنىسى ئەمەسلىكى»، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئازىيىشى شەرقىي تۈركىستان تېررورلۇقنىڭ ئازىيىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى قاتتىق ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى. خىتاي ئەلچىخانىسى بۇ ئۇچۇرنى خىتاي

هۆكۈمىتىنىڭ 7-يانۋار ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ نوپۇس تەرەققىياتى» ھەققىدىكى بىر دوكلاتىنى ھەمبەھىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يوللىغان.

**مەنبە:**

https://abcnews.go.com/International/chinese-embassy-tweet-uighurs-birth-rate-draws-instant/story?id=75118569
https://qz.com/1954520/china-says-it-saved-uyghur-women-from-being-baby-making-machines/

- **ئەنگلىيەنىڭ ئۇيغۇر لاگېرلىرىغا چېتىشلىق خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەيدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى**

2020-01-10

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى لاگېرلاردا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىپ ئىشلەپچىقارغان خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەيدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئەنگلىيەدىكى «قۇياش»، «مۇھاپىزەتچى» گېزىتلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك رائاب بۇ ھەپتە ئىچىدە ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىلانىنى ئېلان قىلىدىكەن. خەۋەردە، ھۆكۈمەتنىڭ پىلانى يەنە باستۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار ۋە تېخنولوگىيەنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىغا تېخىمۇ قاتتىق قانۇنى چەكلىمىلەرنى قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

**مەنبە:**

https://www.theguardian.com/politics/2021/jan/10/raab-to-clampdown-on-firms-linked-to-forced-labour-in-xinjiang

- **خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرى «ئۇيغۇرلارنى بايقاش» ئىقتىدارلىق سىستېمىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى تىزىمغا ئالدۇرغان**

2021-01-12

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نازارەت سىستېمىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان «IPVM» تەتقىقات شىركىتى خۇاۋېي، Megvii، Sens Time، ئەلى بابا، بەيدۇ Intellifusion قاتارلىق ختايدىكى چوڭ تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بايقاش، ئىز قوغلاش ۋە نازارەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە سىستېمىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى تىزىمغا ئالدۇرغانلىقىنى بايقىدى.

**مەنبە:**

https://ipvm.com/reports/patents-uyghur

- **ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى ئۇيغۇر مەجبۇريي ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى تۇتۇپ قېلىش بۇيرۇقى چىقاردى**

2021-01-13

13-يانۋار ئامېرىكا ئانا ۋەتەن بىخەتەرلىكىنى قوغداش مىنىستىرلىقى (DHS) ۋە ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى (CBP) بىرلىكتە ئاخبارات ئېلان قىلىش تېلېفون يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىندا ئامېرىكا ئانا ۋەتەن بىخەتەرلىكىنى قوغداش مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى كېن كۇچىنېللى ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى 13-يانۋاردىن باشلاپ ئامېرىكانىڭ 328 كىرىش ئېغىزىنىڭ ھەممىسىدە ختايدا لاگېرلار ۋە تۈرمىلەرگە سولانغان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇريي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرى ۋە پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا تۇتۇپ قېلىش بۇيرۇقى (WRO) ئېلان قىلغان.

**مەنبە:**

https://www.cbp.gov/newsroom/national-media-release/cbp-issues-region-wide-withhold-release-order-products-made-slave

- **ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى (CECC) يېڭى دوكلاتىدا «خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دېدى**

2021-01-14

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى (CECC) يېڭى دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستاندا «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر، ھەتتا تېخى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكى» توغرىسىدا يېڭى ئىسپاتلار بارلىقىنى ئېيتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى ئىككى پارتىيە ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن بۇ كومىتېت دوكلاتتا يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن دەرھال شەرقىي تۈركىستاندا «ۋەھشىيلىكنىڭ سادىر قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى توغرىسىدا قارار چىقىرىش» تەلەپ قىلغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئادەتتە بۇنداق تەلەپكە 90 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىكەن.

**مەنبە:**

https://www.cecc.gov/media-center/press-releases/media-advisory-press-conference-to-highlight-the-case-of-dr-gulshan
https://www.reuters.com/article/us-usa-china-uighurs-idUSKBN29J2GF

- **يازغۇچى ۋە شائىر ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ 82 يېشىدا تۈرمىدە ۋاپات بولغانلىقى دەلىللەندى**

2021-01-15

ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق خىتاينىڭ تۈرمە ۋە نەزەربەنتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، شۇندىمۇ ھەقنى سۆزلەش ۋە يېزىشتىن قىلچىمۇ يانمىغان، ئۇيغۇر خەلقىگە «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «مىرزا ئابابەكرى»، «سۇلتان ئابدۇرېشىتخان» قاتارلىق ئالتۇندىن قىممەت تارىخىي ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن پېشقەدەم شائىر، ئەدىب، تارىخچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ 82 يېشىدا خىتاي تۈرمىسىدە جان ئۈزگەنلىكى دەلىللەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**مەنبە:**

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/mirzahid-kerimi-01152021120619.html

- **ختاي كونسۇلخانىسى لاگېر قۇربانلىرى يېقىنلىرىنىڭ ئىلتىماسلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى**

2021-01-15

ختاي لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلىرىدىكى ئائىلە يېقىنلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى ختاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نۆۋەتتە تۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان لاگېر قۇربانلىرى يېقىنلىرى ئىستانبۇل ۋالىيلىقىنىڭ تەلىپى بويىچە پائالىيىتىنى ۋاقىتلىق توختاتتى.

لاگېر قۇربانلىرى يېقىنلىرىنىڭ 13-يانۋار ئېلان قىلغان باياناتىدا ئېيتىلىشىچە، ئىستانبۇل ۋالىيلىقى پائالىيەتچىلەر بىلەن ختاي كونسۇلخانىسى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلغان بولۇپ، ختاي كونسۇلخانىسى پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىلتىماسلىرىنى ئاخىرىدا تاپشۇرۇۋېلىشقا ماقۇل بولغان.

**مەنبە:**

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/turkiyede-xitay-konsul-01152021121538.html

- **«ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش» ھەققىدە ئوچۇق مەكتۇپ ئېلان قىلىندى**

2021-01-16

ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قۇرۇلۇشى تەشكىلاتى (URP)باشچىلىقىدا 14-يانۋار كۈنى51 خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ ئىمزاسى بىلەن «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ھەمدە ئۇيغۇرلارغا قارشى جىنايەتنىڭ سورىقىنى قىلىش» مەزمۇنىدىكى بىرلەشمە مەكتۇپ ئېلان قىلىندى.

مەكتۇپتا ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قۇرۇلۇشى ۋە باشقا 51 تەشكىلات ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان پاجىئەلەرنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ يەنە بىر قېتىم

ئاشكارا يۈز بېرىشى» دەپ قارايدىغانلىقى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ مۇدھىش ئاپەتكە دىپلوماتىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە باشقا تىنچلىق ئۇسۇللىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى تەپسىلىي شەرھلەندى.

**مەنبە:**

https://angelusnews.com/news/world/open-letter-calls-for-investigation-into-mistreatment-of-uyghurs/
https://docs.uhrp.org/pdf/UyghurGenocideJointOpenLetter_2021FINAL.pdf

- **خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى يېزا-كەنتلەرگە 1486 «سوتچى خىزمەت ئىشخانىسى» قۇرۇپ چىققان**

2021-01-18

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 18-يانۋاردىكى خەۋىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى يېزا-كەنتلەردە جەمئىي 1486 ئورۇندا «قولايلىق مۇلازىمەت نۇقتىسى» ياكى «سوتچى خىزمەت ئىشخانىسى» قۇرۇلغان. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، بۇ سوتچى خىزمەت ئىشخانىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نەق مەيداندا مۇلازىمەت قىلىپ، يەر ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى، ئائىلە ماجىراسى، شەخسىي قەرز ئىختىلاپى دېگەندەك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىكەن.

**مەنبە:**

http://uyghur.xjdaily.com/newspaper/2021-01-19/10/50-2175877.pdf

- **ئامېرىكا تاشقىي ئىشلار مىنىستىرى «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقانلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر!»**

2021-01-19

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىسترلىقى 19-يانۋار كۈنى «خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى باستۇرۇش مەسلىسى ھەققىدە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىسترلىقىنىڭ چىقارغان قارارى» ناملىق باياناتنى ئېلان قىلدى.

باياناتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قاراتقان كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇشنى رەسمىي «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ بېكىتكەنلىكىنى جاكارلىدى.

**مەنبە:**

https://2017-2021.state.gov/determination-of-the-secretary-of-state-on-atrocities-in-xinjiang//index.html

- **ئانتونىي بلىنكېن: «ترامپ ھۆكۈمىتى ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىگە ياخشى ئۇل سالدى!»**

2021-02-20

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 19-يانۋاردىكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە جوۋ بايدىن باشچىلىقىدىكى يېڭى نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىش باشلاش ھارپىسىدا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ نامزاتى ئانتونىي بلىنكېن سۆزىدە خىتاينىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئامېرىكا ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر تەھدىت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تېخىمۇ تېز بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن «مايك پومپېيونىڭ ئۇيغۇرلار قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ، دېگەن قارارىغا سىز قانداق قارايسىز» دەپ سورىغاندا ئۇ ئىككىلەنمەستىن «بۇ مېنىڭمۇ قارارىم» دېگەن. شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى تېگىشلىك تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىشقا چۈشكەن دەسلەپكى بىر ئاي ئىچىدىكى مۇھىم ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**مەنبە:**

https://www.reuters.com/article/us-usa-biden-state-china/u-s-secretary-of-state-nominee-blinken-sees-strong-foundation-for-bipartisan-china-policy-idUSKBN29O2GB

- **مايك پومپېيو ئۇيغۇرلار ھەققىدە باش ماقالە ئېلان قىلدى**

2021-01-20

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو ئاق سارايدىن ئايرىلىش ھارپىسىدا ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئىجتىمائىي پاجىئەنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلاش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ «شىنجاڭدىكى قىرغىنچىلىق» تېمىسىدىكى باش ماقالىسىنى «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىدە ئېلان قىلدى.

19 ـ يانۋار چۈشتىن كېيىن ئېلان قىلىنغان بۇ باش ماقالىدا مايك پومپېيو خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 1950 ـ يىللاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما شۇنچە ئۇزۇنغىچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىگە سەل قاراپ كەلگەنلىكىنى تەنقىدلەپ: «بىز سۈكۈت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن خىتاي بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمدى بۇنىڭغا داۋاملىق يول قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

**مەنبە:**

https://www.wsj.com/articles/genocide-in-xinjiang-11611078180

- **تۈركىيە خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ تۈركىيە ھېسابىنى ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرى سەۋەبلىك تاقىدى**

2021-01-21

تۈركىيە خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ھېسابىنى يېقىندا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدە تارقاتقان ئۇچۇرى سەۋەبلىك تاقىغانلىقىنى جاكارلىدى. تۈركىيە خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئۇچۇرىنى ئۆزلىرىنىڭ «ئىنسانسىزلاشتۇرۇش»، يەنى «ئىنسانلىقتىن چىقىرىش» تەك قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلىرىغا خىلاپ، دەپ كۆرسەتكەن.

**مەنبە:**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

https://www.reuters.com/article/us-china-twitter/twitter-locks-account-of-chinas-u-s-embassy-over-its-defence-of-xinjiang-policy-idUSKBN29Q03O

- **كانادا پارلامېنت ئەزالىرى ھۆكۈمەتنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان زۇلۇمىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا چاقىردى**

2021-01-24

كانادادىكى «يەر شارى پوچتىسى» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، كانادا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزاسى گارنېت گېنىيۇس بىلەن مايكېل چوڭ 24-يانۋار بايانات ئېلان قىلىپ، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشى» نى تەلەپ قىلدى.

**مەنبە:**

https://www.theglobeandmail.com/politics/article-canada-urged-to-formally-label-chinas-uyghur-persecution-as-genocide/

- **«ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى» ھەققىدىكى قارار يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىلىدۇ**

2021-01-27

جوۋ بايدىنىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى نامزاتى لىندا توماس ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمىز ئىلگىرىكى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت بۇ قارارنى ئېلىشتا بارلىق قائىدىلەرگە تولۇق رىئايە قىلىپ كەتمىگەن، دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ قارارنى قايتىدىن قاراپ چىقىدۇ» دېدى.

**مەنبە:**

https://www.reuters.com/article/us-usa-china-genocide/u-s-reviewing-china-genocide-ruling-to-make-sure-it-sticks-idUSKBN29W268

## • ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىي بلىنكېن: «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ»

2021-01-27

ئامېرىكانىڭ تاشقىي ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىي بلىنكېن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ تۇنجى ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

27-يانۋار كۈنى مۇخبىرلارنىڭ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن چىقارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ‹ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ› دېگەن ھۆكۈمۈم يەنىلا ئەسلىدىكىدەك. ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.»

**مەنبە:**

https://www.state.gov/secretary-antony-j-blinken-at-a-press-availability/

## • نۇرسمانگۈل ئابدۇرېشىت تۈركىيە پارلامېنتىدىكى يىغىنىدا جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاتتى

2021-01-27

تۈركىيە پارلامېنتىدىكى مۇھىم ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن بىرى بولغان «ئىيى» پارتىيەسى قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. 27-يانۋار كۈنى «ئىيى» پارتىيەسىنىڭ پارلامېنتتا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىدا نۇرسمان ئابدۇرېشىت خانىم «جازا لاگېرلىرى» نى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان ئاتا-ئانىسى ھەمدە قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاتتى. ئۇ نۇتۇقىدا تۈركىيەنى، تۈرك دۇنياسىنى شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنى ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىشقا چاقىردى.

**مەنبە:**

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/turkiyede-uyghur-mesilisi-01272021193545.html
https://www.aa.com.tr/tr/politika/iyi-parti-genel-baskani-aksener-halk-bankasi-kredi-odemelerinin-otelenmesi-konusunda-atilan-adimi-dogru-buluyoruz/2124288

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- **خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركىيەنىڭ ۋاستىچىلىقىنى قوبۇل قىلمىدى**

2021-01-28
27ـ يانۋار ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر، يوقاپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەۋاتقان تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 5199 پارچە ئىلتىماسىنى ئېلىپ، خىتاينىڭ ئىستانبۇل سارىيەدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.
پائالىيەتكە تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق چەتئەل ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە تۈركىيەنىڭ يەرلىك ئاخبارات ۋاستىلىرى قاتناشتى
لاگېر قۇربانلىرى يېقىنلىرى نەق مەيداندا بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئىستانبۇل ۋالىيلىقىغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىنى، ئىلتىماسلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.
**مەنبە:**
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/turkiyede-uyghur-mesilisi-01282021234506.html

- **ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى: ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك خىتايغا بەدەل تۆلىتىشكە ھازىرلىنىش لازىم**

2021-01-29
پرېزىدېنت جو بايدېننىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى جەيك سۇلىۋان 29ـ يانۋار ئامېرىكا تىنچلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر پائالىيەتتە مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ شىنجاڭدا نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى، خوڭكوڭدا قىلىۋاتقان ئىشلىرى، تەيۋەنگە قاراتقان قوپاللىقى ۋە تەھدىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا، شۇنداقلا ئۇنى بەدەل تۆلىتىشكە تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.»
ئۇ، ئامېرىكىنىڭ قانداق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاشىنگتوننىڭ بۇ مەسىلىلەردىكى مەۋقەسىنىڭ ئېنىق ۋە ئىزچىل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

**مەنبە:**

https://www.reuters.com/article/us-usa-china-sullivan/u-s-must-be-prepared-to-impose-costs-on-china-biden-security-adviser-idUSKBN29Y2FC?il=0

- **ئامېرىكادىكى بىر ئاخبارات ئورنى خىتاينىڭ ئۇرۇمچىدىكى ساقچى ساندانىنى ئاشكارلىدى**

2021-01-29

ئامېرىكادىكى «ئىنتېرسېپت» ناملىق ئاخبارات ئورنى خىتاينىڭ ئۇرۇمچىدىكى بىر ساقچى ساندانى «سانلىق مەلۇمات ئامبىرى» نى ئاشكارىلاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق نازارەت قىلىدىغانلىقى ۋە باستۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم خەلقئارالىق غۇلغۇلا قوزغىدى.

مەزكۇر ئاخبارات ئورنى 29-يانۋار ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتاي ئامانلىق ئورگانلىرىنىڭ ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتى 52 گېگابايىتقا يېتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ 250 مىليون قۇرغا يېقىن سانلىق مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى خىتاينىڭ «تور تازىلاش قاراۋۇلى» ناملىق يانفون ھۆججەتلىرىنى نازارەت قىلىش يۇمتالى يىغقان ئۇچۇرلارنى، مەھەللە مۇقىملىق يىغىنلىرىنىڭ خاتىرىسىنى، ھەر خىل مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى، ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىنى، تەكشۈرۈلگەن يەرلىك ئەسلىھەلەر، جەمئىيەتتىكى گۇمانلىق كىشىلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن.

**مەنبە:**

https://theintercept.com/2021/01/29/china-uyghur-muslim-surveillance-police/